## 9645 ـ ئىستىنجا قىلىش توغرىسىدا

### سوئال

ئىستىنجا قىلىش دېگەن نېمە؟، ئايرۇپىلان ۋە پويىزلاردا سۇ بولغان تەقدىردىمۇ ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن تازىلىق قەغىزى ئىشلەتسە بولامدۇ؟، قانداق قىلغاندا نىجاسەتتىن مۇكەممەل پاكىزلانغىلى بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ئىستىنجا قىلىش دېگەن: چوڭ ـ كىچىك تەرەت سۇندۇرغاندىن كېيىن ئالدى ـ كەينى ئەزاسىنى تاش، چالما ياكى شۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان تازىلىق قەغىزى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىمدىن پاكىز تازىلاش دېمەكتۇر، ئەمما سۆڭەك، تېزەك دېگەندەك چەكلەنگەن ياكى يېمەكلىك دېگەندەك ئېھتىرام قىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن (ئىستىنجا( تازىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

سۇ بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ شەكىلدە تازىلىق قىلىش توغرا بولىدۇ، ئالىملار: ئەڭ ياخشىسى مۇمكىن بولسا ھەر ئىككىسىنى بىرگە قىلىش كېرەك چۈنكى بۇنداق قىلغاندا مۇكەممەل پاكىزلىق ھاسىل بولىدۇ.